# رامزان ئېيى خاتىرسى

www·islamyoli·net

ھەممىگە مەلۇمكى، رامزان ئېيى باشقا ئايلارغا قارىغاندا، ئالLاھ تائالا تەرىپىدىن ئالاھىدە ئۇلۇغ، خەيرى - بەرىكەتلىك قىلىپ بەلگىلەنگەن يېگانە ئاي. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدىمۇ بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئايدۇر. شۇنداقلا ئىسلام دىنىدا قولغا كەلگەن چوڭ غەلىبىلەر ۋە كۆپلىگەن ياخشى ئىشلار موشۇ ئايدا ئەمەلگە ئاشقان.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا دەسلەپكى ۋەھىنىڭ كېلىشىگە باغلىق «قۇرئان» ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇشقا باشلىنىشى، مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ مەككىدىكى ھىرا غارىدا ئۈزى يالغۇز ھالدا ئالLاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىۋاتقىنىدا ئەمەلگە ئاشقان. ئۇ رامزان ئېيىنىڭ 21 - كۈنى (مىلادىيەنىڭ610 - يىلى، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ 10 - كۈنى)گە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنىنى تىكلەشتىكى مەشھۇر غازات (بەدىر غازىتى) ھىجرىيەنىڭ 2- يىلى، رامزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى بولغان. بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن چوڭ غەلىبە قازانغان. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ يۈتۈنلىنىشى ۋە مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىبارەت ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەت ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى، رامزان ئېيىنىڭ 18 - كۈنى ئەمەلگە ئاشقان. مىڭ ئايدىن خەيرلىك ھېساپلىنىدىغان قەدىر كېچىسىمۇ رامزان ئېيىغا بەلگىلەنگەن. رامزان ئېيىنىڭ شاراپىتى توغرۇلۇق مۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

رامزان ئېيىنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا، بۇ ئايدا يۈز بەرگەن چوڭ غازاتلار قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولغان ئاسىم ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامىنى ئالاھىدە خاتىرلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ: «كىمكى ئۇرۇشسا ئاسىم ئىبنى سابىت ئۇرۇشقاندەك ئۇرۇشسۇن» دېگەنلىكى ئۇنىڭ ھەققى قەھرىمانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەككە مۇشرىكلىرى بەدىر غازىتىدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن يېڭىلگىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئۆلگەن باللىرى، ئاتىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە، مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا قارشى چوڭ كۆلەملىك ھوجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ ئۇرۇشقا قۇرەيش ۋە باشقا كۇففار قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئاياللارمۇ بىرگە جەم بولۇپ قاتنىشىدۇ. ئاياللار مەككە قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، ئۇلارنى غازاتتا ئىلگىرىلەشكە ۋە كەينىگە قايتماسلىققا تەشەببۇس قىلىدۇ. غازاتقا چىققان مۇشرىك ئاياللاردىن ھىند، سولافە قاتارلىق مەشھۇر ئاياللارمۇ بار ئىدى. غازات باشلاندى. ھىند باشچىلىقىدىكى ئاياللار قوشۇنى ئەر غازاتچىلىرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، داپلارنى داراڭلىتىپ:

ئىلگىرىلىسەڭلار سىلەرگە ھازىرلايمىز گۈلدەستە،

چېكىنسەڭلار بولمىز ھەممە بىردەك غەزەپتە،

دېگەن غەزەللىرىنى ئېيتىشىش ئارقىلىق ئەرلىرىنى غازاتتا چىدام كۆرسىتىشكە ئۈندەيتتى. غازاتمۇ ئاخىرلاشتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ غەلىبىسى مۇشرىكلار تەرەپكە مەنسۇپ بولدى. بۇ ۋاقىتلىق غەلىبىگە كۆرەڭلىگەن مۇشرىك ئاياللىرى خوشاللىقتىن داپلىرىنى چېلىشىپ، تەنتەنە قىلىشتى، ئاندىن ئۇلار مۇسۇلمان شېھىدلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇش، قۇلاق ۋە بۇرۇنلىرىنى كېسىش ۋە يۈرەكلىرىنى سۇغۇرۇش قاتارلىق ۋەھشىي قىلىقلارغا ئۆتتى. ئۇلار كېسىۋالغان قۇلاق ۋە بۇرۇنلارنى بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشتى. سۇلافە غازاتقا قاتناشقان ئېرى بىلەن بالىلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ ئېرى بىلەن ئىككى ئوغلىنىڭ جەسىدىنى تاپتى. ئەڭ كىچىك ئوغلى يارىلانغان پېتى ياتاتتى. ئانىسى سۇلافە ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۇ «بىزنى ئۆلتۈرگەن ئاسىم ئىبنى سابىت» دەپ ئارانلا زۇۋان سۈرەلىدى ۋە جان ئۈزدى.

سولافە قاتتىق غەزەپكە بوغۇلۇپ، لات، ئۇززا بۇتلىرىغا قەسەمياد قىلىپ، ئاسىمنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى قەدەھ قىلىپ ھاراق ئىچىشكە بەل باغلىدى. ئاسىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە مال - دۇنيادىن قانچىلىك خالىسا، شۇنچىلىك بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندا مۇشرىكلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئاسىمنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپ مال - دۇنياغا ئىگە بولۇش ئارزۇسى ئاشتى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ غازاتتا شېھىد بولغانلارنىڭ روھلىرىنى خاتىرىلەپ دۇئالارنى قىلىپ، باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلەرنى مەدھىيىلىدى. شۇ ئاندا ئۇلار ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى توغرۇلۇق سۆز قىلىپ تۇرغىنىدا، بىرسى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر غازىتىغا چىقىشتىن بۇرۇن بىزدىن قانداق غازات قىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە سورىغىنىدا، ئاسىم ئىبنى سابىت ئوقياسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، دۈشمەن ئەگەر يۈز گەز ئۇزاقلىقتا بولسا، ئۇنى ئوقيا بىلەن، ئۇنىڭدىن يېقىندا بولسا قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرىمەن، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”ئۇرۇش — غازات ئەنە شۇنداق بولىدۇ. كىمكى ئۇرۇشسا ئاسىم ئىبنى سابىت ئۇرۇشقاندەك ئۇرۇشسۇن“ دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقى بىلەن بىر نەچچىلىگەن ساھابىلىرى چارلاش گۇرۇپپىسى تەركىبىدە مەككىگە يېقىن بىر جايغا كېلىدۇ. بۇ جايدىكى ھوزەيل قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى بايقاپ قېلىپ، ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ ئۇلارغا «سىلەر بىزگە تەڭ كېلەلمەيسىلەر، ياخشىلىقچە تەسلىم بولۇڭلار! ئەگەر بۇ بۇيرىقىمىزنى ئورۇنلىساڭلار بىز سىلەرگە يامانلىق قىلمايمىز» دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا چارلاش گۇرۇپپىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ، مەسلىھەت سوراشقاندەك قىياپەتتە تۇرىشىدۇ. ئاسىم ئىبنى سابىت بولسا قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ، «مەن مۇشرىكلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنمەيمەن» دەپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ جەڭگە كىرىدۇ. لېكىن ئۇ كۈچ جەھەتتىن كۆپلۈكنى تەشكىل قىلغان دۈشمەنلەرگە تەڭ كېلەلمەي، جەڭدە شېھىد بولىدۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ باشقا سەپداش ساھابىلىرىمۇ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھوزەيلىلەر دەسلەپتە ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ جەسىدىنى بايقىماي قالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، سولافەگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق مال - دۇنياغا غەرق بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ خوشال بولۇشىدۇ -

دە، جەسەدىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلمەكچى بولىشىدۇ. لېكىن جەسەدىنىڭ ئەتراپىنى بىر توپ ھەرە قورشىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنى جەسەدكە قەتئىي يېقىنلاشتۇرمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، جەسەدنى ئەتىسى ئەتىگەندە ئېلىشقا قارار قىلىشىپ قايتىپ كېتىشىدۇ. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا قاتتىق يامغۇردىن كېيىن چوڭ سەل ھاسىل بولۇپ، ئاسىمنىڭ جەسىدى بۇ سەل بىلەن كۆزدىن غائىب بولىدۇ. ئاسىم ئىبنى سابىت شېھىد بولۇش ئالدىدىكى دەملىرىدە «ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغان دىنىمىزنى قوغداش يولىدا غازات قىلدىم. جەسىدىمنى دۈشمەنلىرىمنىڭ قولىغا چۈشۈرمىگىن»دەپ سورىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ جەسىدى خورلانمايدۇ ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش دەسمايىسى بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

**مۇھەممەد يۇسۇف**